
3

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ISBN 978-7-228-10843-5

9 787228 108435 >

定价:4.50元

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

3

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007-يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间趣闻.3：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10843-5

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006063号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**维吾尔民间趣闻 － 3**（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.375印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10843-5　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 3

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.375
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10843-5
باھاسى: 4.50 يۈەن

# مۇندەرىجە

## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى


مىنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا ............ 1

جاھاندا يوق كۈن ............ 2

ساۋابلىق ئىش ............ 3

تەڭلىشىپ كەتمەمدۇ ............ 4

ئەخمەق ئىكەنسەن ............ 4

شەيتاننىڭ ئۆزى ............ 5

ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ ............ 5

قىيىن سوئال ............ 5

پادىشاھ ۋە ىىپ ............ 8

ئېشەكنىڭ ھاڭگىرىشى ئەۋزەل ............ 9

ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن ............ 10

ئات مېنىمۇ يەرگە ئۇردى ............ 11

سەنمۇ شۈكۈر قىل ............ 11

دوستۇمنىڭ سانى ............ 12

ئوغرىدىن ئۈمىد ............ 13

ئىچىدە ماڭغان يامان ............ 13

ئۈيقۇم قاتتىق ............ 13

قۇرئان ............ 14

تەسەللىگە جاۋاب ............ 14

لاپقا لاپ ............ 15

ئۇستا تېۋىپ ............ 16

موزاينىڭ ئەرەبچىسى ............ 16

مېنىڭچە بولسا ............ 17

ئالاقىسى بار گەپ ............ 19

كالاچنىڭ مىجەزى ..................... 19
سىز ئەخمەق ..................... 20
تېتىتماي ساقلىدىم ..................... 20
ئەمدى جىم ياتىمەن ..................... 21
ئەگەر يول چىقىپ قالسا ..................... 21
نامىزىڭلار راۋا ئەمەس ..................... 23
سىر ساقلىماق تەس ..................... 23
ئىت بولغان بولسا ..................... 23
قوي يېمەيدىغان بۆرە ..................... 24
خەسىسنىڭ كارامىتى ..................... 25
گۇۋاھلىق بېرىش ..................... 25
ئېشىكىڭ بولسا ھۇرۇن ..................... 26
ئاغىنەم بولغىنىڭ ئۈچۈن ..................... 27
قولۋاق سەيلىسى ..................... 28
سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش ..................... 28
سەللىمازا ساقىيىسىز ..................... 29
ئەركەكزەدەك بېلىق ..................... 29
شاگىرت ..................... 30
ئۈچ خىل مەخلۇقنىڭ ئوزۇقى ..................... 31
ئۆز ئۆيۈمدىمۇ ..................... 32


## خەلق لەتىپىلىرى


ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم ..................... 34
مۇشۇ ئەقىللىقلەر ئاپارسۇن ..................... 35
ئىنساپىڭىزنىمۇ تارتىپ باقسىڭىز ..................... 36
تاماقتا تەكلىپ ..................... 36
گۇناھىدىنمۇ قەبىھ ئۆزرە ..................... 37
پۇل ۋە ئابرۇي ..................... 37
ئاتا - بالىنىڭ دەردى ..................... 38
لەشكەر بېشىنىڭ سەپتە مېڭىشى ..................... 38

يالغانچى ........ 39
بالا ئوقۇتۇش ........ 40
بىراقلا ئارام ئالاي دېسەڭ ........ 40
ئۆرۈك پىششىقى ........ 41
توغرا جاۋاب ........ 41
ئىككىمىزنى تەڭ ئالداپتۇ ـ دە ........ 42
ئۇخلاۋاتقىنىڭدا بۇلاۋاتىمەن ........ 43
يېنىدا مەن يوق ئىدىم ........ 43
مىرشەپ مەھكىمىسى ........ 44
مەنسەپپەرەسنىڭ ئارزۇسى ........ 44
قازىنىڭ ئەقلى ........ 45
بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ ........ 46
تۈزلۈكنىڭ باھاسى ........ 47
مۆرۈكتىنمۇ بېقىڭلار ........ 47
يولدىكى تاۋۇز ........ 48
شۇنداق قىلمىغۇچە ........ 49
بىرىنچى ۋەسىيەت ........ 49
ئۆلچەپ كېلىپ بىر نەرسە دەي ........ 50
مەشەدىلا پۇتۇشۇۋېلىڭلار ........ 51
كېيىن ئاقارتىۋېتىڭ ........ 51
ئەمدى سورىغىنىڭلا بېرىڭ ........ 52
تېپىلغان نەرسىنىڭ لەززىتى ........ 52
چىراي ۋە ئەقىل ........ 53
ئۆگزەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكېتىڭلار ........ 54
ئاتنىڭ ئۈستىدە ........ 54
چاچراتقۇ نەدىن چىقتى ........ 55
تېخى ياخشى ئىكەنغۇ ........ 56
تېزرەك چۈشەرمىكىن دەيمەن ........ 57

قايسىسىغا دو تىكىسىلەر ............................ 57
ئىچىق بىشىدا ئىشەك بار دەپ ئاڭلاپ ................ 58
ئاۋۇت ئەزمە بىلەن ساۋۇت ئەزمە ...................... 58
بۇگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن .................... 59
گۇناھ .................................................... 61
كىم كىيىل ................................................ 61
تەۋەككۇلچى ............................................... 62
مال باھاسى ............................................... 62

## ئىسكەندەر ھەققۇلى لەتىپىلىرى

كۆزىمۇ گاسمۇ ............................................ 64
ئۇگۇت ئاز ................................................ 64
ئىسكەندەرنىڭ چىيى ..................................... 65
دەم ئېلىۋېلىپ تارتىسىڭىز ............................... 65
ئۇستا دېگىلى بولامدۇ .................................. 65
ئۇنىڭ يېگىنىنى كۆرسۈن دېۋىدىم ......................... 66
قاراپ باقارمىز ........................................... 66
بىر ياش ئىشىپ كېتىپتۇ ................................ 67
جان قويامدۇ .............................................. 67
ئاچچىق سېتىۋېلىش ....................................... 68
ئەۋرىشكە ................................................. 69
قانداق تونۇي ............................................. 69
ئۆزلىرىنى دوراپتۇ ........................................ 69

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

## مىنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا...

ئەپەندىم روزىنىڭ ھېسابىدىن ئاداشماسلىق ئۈچۈن ھەر كۈنى ئىپتاردىن كېيىن خالتىغا بىر تاش سېلىپ قويىدىكەن. ئەپەندىمنىڭ قىزى خالتىدىكى تاشلارنى كۆرۈپ، دادام ماڭا بەشتاش يىغىپ بېرىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزى تاپقان تاشلارنىمۇ خالتىغا سېلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى قوشنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:


— ئەپەندىم، بۈگۈن روزىغا نەچچە بولدى؟

ئەپەندىم «ھازىر» دەپلا، ئۆيگە كىرىپ خالتىدىكى تاشلارنى ساناپتۇ. تاش بىر يۈز يەتمىش ئىككى چىقىپتۇ. ئەپەندىم دەرگۇمان بولۇپ، قوشنىسىغا:

— بۈگۈن روزىغا يەتمىش ئىككى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قوشنىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ قانداق ھېساب، بىر ئاي دېگەن ئوت-



تۈز كۈن تۇرسا؟ — دەپتۇ.

— مەن تېخى ئىنساپ بىلەن ئېيتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مېنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا، خۇدانى بىر يۈز يەتمىش ئىككى روزىغا قەرزدار قىلىمىز.

## جاھاندا يوق كۈن

ئەپەندىم بوياقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆزىنى چاقچاقچى ھېسابلاپ يۈرگەن بىر كىشى ئەپەندىمگە بىر ماتا ئەكېلىپ بېرىپ:

— ئەپەندىم، مۇشۇ ماتانى جاھاندا يوق بىر رەڭ بىلەن

بوياپ بېرىڭ، ـــ دەپتۇ.

ـــ «جاھاندا يوق رەڭ» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ـــ دەپتۇ ئەپەندىم.

ـــ قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، كۆكمۇ ئەمەس، سېرىقمۇ ئەمەس، يېشىلمۇ ئەمەس، زەڭگەرمۇ ئەمەس، ئەيـ-تاۋۇر، جاھاندا يوق رەڭ، ـــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ـــ بوپتۇ، ـــ دەپتۇ ئەپەندىم، ـــ دېگىنىڭىز بويىچە بوياپ بېرەي.

ـــ قاچان ئالىمەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

ـــ جاھاندا يوق بىر كۈنى، يەنى شەنبىمۇ، يەكشەنبىـ-مۇ، دۈشەنبىمۇ، سەيشەنبىمۇ، چارشەنبىمۇ، پەيشەنبىمۇ، جۈمەمۇ ئەمەس، بىر كۈنى ئېلىڭ، ـــ دەپتۇ ئەپەندىم.

## ساۋابلىق ئىش

بىر زالىم پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

ـــ ئەپەندىم، ئەقىللىق ئادەمسىز، ئەمدىكى ئۆمرۈمدە بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەيمەن، يول كۆرسىتىڭا !

ـــ تەقسىر، سىز ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ـــ كېچە - كۈندۈز ئۇيقۇدىن باش كۆتۈر-مەسلىك، ـــ دەپتۇ ئەپەندىم.

ـــ ئۇيقۇنىڭ نېمە ساۋابى بولسۇن؟ ـــ دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— زالىم شاھ بولغىنىدىن يوقى ساۋاب، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۇيقۇ ساۋاب، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## تەڭلىشىپ كەتمەمدۇ

ئەپەندىم بازارغا كىرىپ ئىشتان ئالماقچى بوپتۇ. بىر ئىشتاننى قولىغا ئېلىپ نەرخىنى پۈتۈشۈپ بولۇپ: «ئىش-تىنىمغۇ خېلى يېڭى تۇرىدۇ، ئىشتانىنىڭ ئورنىغا چاپان ئالايمىكىن» دەپ ئىشتاننى قايتۇرۇپ بېرىپ، چاپاندىن بىرنى ئالدۇرۇپتۇ. ئەپەندىم چاپاننى كىيىپ كۆرۈپ: «تازى-مۇ دەل ئىكەن، بەكمۇ ياراشتى» دېگىنىچە پۇل تۆلىمەيلا كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. سودىگەر ئەپەندىمنى توختىتىپ:

— چاپانىنىڭ پۇلىنى بەرمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھوي، ھېلىلا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىشتانىنىڭ پۇلى بىلەن تەڭلىشىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئەخمەق ئىكەنسەن

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى دادىسىغا:

— دادا، ئاخشام مەن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بىر ئاتقا مىنىپ چېپىپ كېتىپ بارغۇدەكمەن... — دې-يىشىگە، ئەپەندىم ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ:

— ئەخمەق ئىكەنسەن، ھامىنى مىنگەندىن كېيىن،

بىراقلا دۇلدۇلغا مىنىپ ئۇچساڭ بولامدۇ !

## شەيتاننىڭ ئۆزى

بىر كۈنى مەككار دەللال ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنىڭ شەيتان بىلەن بېرىش - كېلىشىڭىز بار دەپ ئاڭلىدىم، شەيتان قانداق بولىدىكەن؟

— شەيتاننى مەندىن سورىغۇچە، ئاخشاملىققا ئۆيگە بېرىپ ئەينەككە قارىسىڭىز، خۇددى شەيتاننىڭ ئۆزىنى كۆرىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئەزرائىل قېرىپ كېتىدۇ

ناھايىتى كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن بىر كىشى ئەپەندىمگە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ:

— ئۇ دۇنياغا قەرز بىلەن كەتمەي دەيمەن، قەرزلىرىمنى تۈگىتىۋالغۇچە خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسىكەن، — دەپتۇ. ئەپەندىم سۆھبەتدىشىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، سىز قەرزلىرىڭىزنى تۈگەتكۈچە، ئەزرائىل قېرىپ كېتىپ جان ئېلىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەي قالىدۇ، — دەپتۇ.

## قىيىن سوئال

پادىشاھ ئوردىسىغا باشقا بىر مەملىكەتتىن كەلگەن

ئۈچ سودىگەر پادىشاھقا ھەربىرىنىڭ بىردىن قىيىن سوئالى بارلىقىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ سوراشقا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، بىراق ئوردىدىكىلەردىن ھېچكىم ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ئوردىدىكىلەردىن بىرى نەسىردىن ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ. ئەپەندىم توپتوغرا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېشىكىدىن چۈشۈپتۇ ـ دە:

— خوش، پادىشاھىئالەم، بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، قېنى بۇ مېھمانلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭچۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەپەندىم سودىگەرلەرگە قاراپ:



— قوٗلىقىم سىلـەردە، قېنى سوئالىڭلارنى بېرىڭلار، — دەپتوٗ.

بىرىنچى سودىگەر سوراپتوٗ:

— ئەپەندىم، يەرنىڭ كىندىكى نەدە؟

ئەپەندىم تېنىمەي ـ تەمتىرىمەي قولىدىكى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ توٗروٗپ:

— ئەنە، دەل ئاشوٗ ئېشىكىمنىڭ ئوڭ پوٗتى توٗرغان يەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتوٗ.

— قانداق ئىسپاتىڭىز بار؟ — دەپتوٗ سودىگەر.

— سىز ئاۋۋال ئۆلچەپ كۆروٗڭ، بىر غېرىچ كەم ياكى بىر غېرىچ ئارتوٗق چىقسا، يەنە مەن بار، — دەپتوٗ ئەپەندىم. سودىگەر گەپ ـ سۆز قىلالماپتوٗ.

— ئاسماندىكى يوٗلتوٗزنىڭ سانى قانچە؟ — دەپ سوراپتوٗ ئىككىنچى سودىگەر.

— ئېشىكىمنىڭ توٗكى قانچە بولسا، ئاسماندىكى يوٗلتوٗزنىڭ سانىموٗ شوٗنچە، — دەپ جاۋاب بېرىپتوٗ ئەپەندىم، — ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، ساناپ كۆروٗڭ، ئارتوٗق ـ كەم چىقسا، مېنى ئىزدەڭ.

شوٗنىڭ بىلەن ئىككىنچى سودىگەرموٗ جىم بوپتوٗ. ئەپەندىم ئوٗچىنچى سودىگەرگە موٗراجىئەت قىپتوٗ. سودىگەر:

— مېنىڭ ساقىلىم نەچچە تال؟ — دەپ سوراپتوٗ.

— ئېشىكىمنىڭ قوٗيروٗقىدىكى توٗك نەچچە بولسا، ساقىلىڭىزموٗ شوٗنچە تال، — دەپ جاۋاب بېرىپتوٗ ئەپەندىم.

سودىگەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمە ئىسپاتىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساقىلىڭىزنى بىر - بىردىن يۇلۇڭ، مەنمۇ ئىبىشەكنىڭ قۇيرۇقىنى يۇلىمەن. ئارتۇق - كەم يېرىگە ئۆزۈم كېپىل، — دەپتۇ ئەپەندىم. سودىگەر ساقىلىنى سىلىغىنىچە گەپ قىلالماي قاپتۇ.

## پادىشاھ ۋە يىپ

بىر ئەخمەق پادىشاھ چەت مەملىكەتتىن كەلگەن ئەلچىلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئالدىدا كەلسە - كەلمەس گەپلەرنى قىلىۋېرىپ، ۋەزىرلىرىنى، ئوردا ئەھلىنى بەكمۇ ئوسال قىپتۇ. ئۇلار بۇنداق شەرمەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەپەندىمنى ئوردىغا چاقىرىپ، پادىشاھقا مەسلىھەتچى بولۇشنى تەكلىپ قىپتۇ.

— مەسلىھەتچى بولسام بولاي، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا، — ئەمما، كۆرپىڭىز تېگىدىن ئۆتكۈزۈپ پۇتىڭىزغا بىر يىپ باغلايمەن - دە، بىر ئۇچىنى ئۆزۈم تۇتۇپ تۇرىمەن. توغرا گەپ قىلسىڭىز، جىم تۇرىمەن، بولمىغۇر گەپ قىلسىڭىز، يىپنى تارتىپ قويىمەن، دەرھال جىم بولىسىز.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ. يەنە چەت ئەلدىن ئەلچىلەر كەپتۇ. ئەلچىلەر ئوردىغا كىرىپ ئولتۇ-

روشى بىلەنلا پادىشاھ ئۇلارغا سوئال بېرىپتۇ:

— مەملىكىتىڭلاردا ئىت، مۈشۈكلەر سېمىزمۇ؟

ئەپەندىم يېپنى تارتىپ قويۇپتىكەن، پادىشاھ جىم بوپتۇ. ئەپەندىم دەرھال پادىشاھنىڭ گېپىگە «مەنە» بېرىپتۇ:

— پادىشاھىمىز مەنىلىك گەپلەرنى قىلىدۇ. ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ سېمىز بولۇشى ئۇلارنىڭ توقلۇقىدىن، خەلقنىڭ تىنچ - پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ مەنىلىك گەپلىرىگە قايىل بولۇپ تەزىم قىپتۇ. پادىشاھ ئەپەندىمگە ۋارقىراپتۇ:

— ئەخمەق مەسلىھەتچى ئىكەنسەن، شۇنچە مەنىلىك گەپنى قىلسام، يەنە نېمىشقا يېپنى تارتىسەن؟

## ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئەۋزەل

پادىشاھ شائىرلىققا ھەۋەس قىلىپ، كەلسە - كەلمەس سۆزلەر بىلەن بىر شېئىر يېزىپ ئەپەندىمگە كۆرسىتىپتۇ. ئەپەندىم شېئىرنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— تەقسىر، شېئىر يېزىشنى شائىرلارغا قويۇپ، پادىشاھلىقىڭىزنى قىلىڭ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئاپار بۇنى، ئېغىلغا باغلا، شېئىرنىڭ قەدرىنى

بىلمىگەن ئەخمەق ئىشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلىسۇن ! —
دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئەپەندىم بىر ھەپتە ئېغىلغا باغلانغاندىن كېيىن، پا-
دىشاھ ئەمدى بۇرنىغا سۇ كىرگەندۇ، بۇ قېتىم شېئىرىمنى
ماختىسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئەپەندىمنى چاقىر-
تىپتۇ ۋە يېڭىدىن يازغان بىر شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ
بېرىپتۇ.

— قانداق، ئەپەندىم، بۇنىسى ياقامدۇ؟

ئەپەندىم ئۈنچىقماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا سىرتقا
مېڭىپتۇ. پادىشاھ ئەپەندىمنى توختىتىپ:

— قاياققا ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

— ئېغىلغا، تەقسىر، ئىشەكنىڭ ھاڭرىشى ئەۋزەل
ئىكەن، — دەپتۇ.

## ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ، لې-
كىن ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدىن قولغا ئىلىنغۇدەك بىرنەرسە تا-
پالماي، قۇرۇق قول قايتىپ چىقىپ كېتىپ بارغىنىدا، ئە-
پەندىم كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:

— بۇرادەر، ئىشىكنى زەنجىرلەپ قويۇڭ، يەنە باشقا
ئوغرىلار كىرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن.

## ئات مېنىمۇ يەرگە ئۇردى

بىر ئولتۇرۇشتا ئات مىنىش توغرىسىدا پاراڭ بوپتۇ. نۆۋىتى كەلگەندە ئەپەندىم دەپتۇ:

— بىر كۈنى ئابدۇغوپۇر باي يايلاقتىن ئەكەلگەن راسا سېمىز، ئاساۋ ئېتىنى ئوغلاقتا سالماقچى بولدى، بىراق مەنمەن دېگەن ئوغلاقچىلاردىن بىرىمۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ مىنەلمىدى. ئۇلار پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئاپىرىشى بىلەنلا، ئات پۇشقۇرۇپ، ئۆرىدەپ، ئۇلارنى يەرگە ئۇردى. شۇنداق يامان ئات ئىكەن، ھەرقانداقىنى ئۈستىگە مىندۇرمىدى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئاتنىڭ يېنىغا باردىم، ئاستا يالىسىنى تۇتۇپ، بىر سەكرەپلا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، بېشىنى قويۇۋەتتىم...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇغوپۇر باي كىرىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— شۇنداق قىلىپ ئون قەدەم ماڭا - ماڭمايلا ئات مېنىمۇ يەرگە ئۇردى! — دەپتۇ.

## سەنمۇ شۈكۈر قىل

ئەپەندىم بىر كۈنى ئېشەكنى يوقىتىپ قويۇپ كەينى - كەينىدىن شۈكۈر دەپتۇ. خوتۇنى:

— ھوي، ئېشەك يوقاتقان ئادەم پۇشايمان قىلماي،

شۇكۇر قىلامدۇ؟ — دەپتۇ ئاچچىقلاپ.

— خۇدايىم بىر ساقلىدى دېگىنە، ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم بولسام، مېنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتىڭ، سەنمۇ شۇكۇر قىل! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## دوستۇمنىڭ سانى

ئەپەندىم قازى بولۇپ ئولتۇرغان كۈنلىرىدە ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— يائاللا، ئەپەندىم، دوستلىرىڭىز نېمانچە كۆپ؟ كېلىپ - كېتىپ بارغان ئادەمنىڭ سانى يوققۇ؟ — دەپ



سوراپتۇ.

— قانچىلىك دوستۇم بارلىقىنى ھازىر ئۆزۈممۇ بىلـ-
مەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دوستۇمنىڭ سانىنى مەن
قازىلىقتىن چۈشكەندە سوراڭ.

## ئوغرىدىن ئۈمىد

بىر كېچىسى ئەپەندىمنى خوتۇنى ئويغىتىپتۇ:

— ئەپەندىم، تۇرۇڭ، ئۆيگە ئوغرى كىردى.

— مىدىر قىلماي جىم يېتىۋەر، ئوغرى ھېچ نەرسە تاپالمىسا، بىزگە ئىچى ئاغرىپ بىرەر نەرسە تاشلاپ كېتەر، — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇنىغا.

## ئىچىدە ماڭغان يامان

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ياخشىمۇ، ئارقىسىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارقىسىدا ماڭساڭمۇ، ئالدىدا ماڭساڭمۇ ئوخشاش، ئىچىدە ماڭغان يامان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئۇيقۇم قاتتىق

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلەردە بىر سودىگەر

ئۇنىڭغا ئون سوم پۇل بېرىپ:
— سەپەرگە چىقماقچىدىم، سەپىرىمنىڭ خەتەرسىز بولۇشى ئۈچۈن بەش ۋاخ نامىزىڭىزدا دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ! — دەپتۇ.
ئەپەندىم ئون سومنىڭ تۆت سومىنى دەررۇ سودىگەرگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ـ دە:
— تەقسىر، كەچۈرسىلە، ئۇيقۇم قاتتىق ئادەممەن، بامداتقا ئۇلگۇرەلمەيمەن، خۇپتەنگىچە يېتىپ قالىمەن. ئىككى ۋاخ نامازدىكى دۇئانىڭ پۇلىنى ئۆزلىرى ئالسىلا، — دەپتۇ.

## قۇرئان

ئەپەندىمنىڭ پۇل سېلىپ يۈرگەن ساندۇقچىسىنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئەپەندىم پەرىشان بولۇپ يۈرسە قوشنىسى كىرىپ:
— ساندۇقچىڭىزغا قۇرئاندىن بىرەر ئايەت يازدۇرۇپ قويسىڭىز، ئوغرىنىڭ قولى تىترەپ ئالالمايتتى، — دەپتۇ.
— بىرەر ئايەت دېگىنىڭىز نېمىسى، ساندۇقنىڭ ئىچىدە قۇرئاننىڭ ئۆزى بار ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## تەسەللىگە جاۋاب

ئەپەندىم ئىشىكى ئۆلۈپ كەتكەچكە، بەكمۇ ھەسرەت

چىكىپتۇ. قوشنىلاردىن بىرى ئەپەندىمگە تەسەللى بېرىپ:

— قويۇڭ، ئەپەندىم، كۆپ ھەسرەت چەكمەڭ، ئىشەكنى ئالغان خۇدا يەنە بىر ئىشەك بېرەر، — دەپتىكەن، ئەپەندىم:

— ھەي بۇرادەر، مەن بىلىدىغان خۇدا شۇ بولسا، بەش تىللاسىز ئىشەك بەرمەيدۇ، — دەپتۇ.

## لاپقا لاپ...

ئۇرۇشتىن قايتقان سەركەردىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ھەركىم ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ھەققىدە لاپ ئۇرۇشۇپتۇ. بىر ماختانچاق سەركەردە:

— ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدىكى، ئوق خۇددى يامغۇردەك يېغىۋاتاتتى. مەن دۇشمەن بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ قىلىچ ئاستىدا قالدىم. كاللام ئۇزۇلۇپ بويىنۇمنىڭ تېرىسىگە ئىلىنىپ قاپتۇ... — دەپتۇ.

پاراڭدا ئەپەندىممۇ بار ئىكەن. ئەپەندىممۇ قاتاردىن قالغۇسى كەلمەي:

— راست ئېيتىسىز، ئۇرۇشتا ئادەم قىزىپ كەتكەندىن كېيىن ھېچنېمىنى تۇيماس، بىلمەس بولۇپ قالىدىكەن. سىزنىڭ بېشىڭىز بويىنىڭىزنىڭ تېرىسىگە ئىلىنىپ قاپتۇ، مېنىڭ بېشىم يەلكەمدىن چۈشۈپ ئۈچ - تۆت قېتىم دومىلاپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي ئۇرۇشۇۋەردىم، — دەپتۇ.

## ئۇستا تېۋىپ

ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا سېمىزلىكتىن ماڭالماس بولۇپ قالغان بىر كىشى كېلىپ:

— نەچچە ئالسىڭىز ئېلىڭ، مېنىڭ كېسىلىمنى بىر ساقايتىڭ. ئون قەدەم يول ماڭسام، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، دېمىم سىقىلىپ كېتىدۇ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئەپەندىم كېسەلنى كۆرگەندىن كېيىن:

— يۈرىكىڭىزنى ماي قاپلاپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا چارە يوق، كۆپ بولسا يېرىم ئاي، بولمىسا ئون كۈندە ئۆلىسىز، — دەپتۇ.

سېمىز ئادەم قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، غەم-غۇسسىگە چۆكۈپ يا گېلىدىن تاماق ئۆتمەپتۇ، يا ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، ئون بەش كۈن دېگەندە، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قاپتۇ، لېكىن ئۆلمەپتۇ.

ئۇ ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ كايىشقا باشلاپتۇ:

— قانداق تېۋىپسىز؟ يالغان گەپنى قىلىپ كىشىنى شۇنچىمۇ ئەنسىرىتەمسىز؟ قېنى ئۆلگىنىم؟

— ئەمدى ساقىيىپسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قېنى، تېۋىپلىق ھەققىنى تۆلەڭ!

## موزاينىڭ ئەرەبچىسى

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئەرەبچە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ


بىردە خەلپەت ئىمتىھان ئاپتۇ:

— ئەپەندىم، موزاينى ئەرەبچە نېمە دەيدۇ؟

— ئەرەبلەر موزاي كالا بولغۇچە سەۋر قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — موزاي كالا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بەقەر دەيدۇ.

## مىنىڭچە بولسا...

ئەپەندىم ساتىراشلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، خەسىسلىكتە نامى چىققان بىر چوڭ ئاخۇن دائىم ئەپەندىمگە



چاچ ئالدۇرىدىكەن، بىراق ھەق بەرمەستىن: «ئۆمرىڭىزگە دۇئا قىلىپ قويىمەن» دەپ چىقىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاخۇنۇمنىڭ چېچىنى ئېلىپ بولۇپ ساقال - بۇرۇتىنى ياساشقا باشلىغاندا:

— ئاخۇنۇم، بۇرۇت لازىممۇ، يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە، لازىم، — دەپتۇ ئاخۇنۇم. ئەپەندىم ئاخۇنۇمنىڭ بۇرۇتىنى قىرقىۋاپتۇ - دە، قولىغا بېرىپ:

— كېرەك بولسا مانا بۇرۇتلىرى ! — دەپتۇ، ئارقىدىن يەنە:

— تەقسىر، ساقاللىرىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم. ھودۇقۇپ قالغان ئاخۇنۇم:

— يوقسۇ، ساقىلىم كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس ! — دەپتۇ. ئەپەندىم ئاخۇنۇمنىڭ ساقىلىنى ئۇستىرا بىلەن ئىككى سىيرىپلا ئېلىۋېتىپ:

— كېرەك بولمىسا، سۈپۈرۈلۈپ كېتەر، — دەپ يەرگە تاشلاپتۇ.

ئاخۇنۇمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمنى كايىشقا باشلاپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدىم. مېنىڭچە بولسا، چاچلىرىنىمۇ ئالمىغان بولاتتىم. ئەمدى ساقال - بۇرۇتسىز دۇئا ئانچە ئۆتمەيدۇ، باشقا ساتىراشقا بارسىلا !

# ئالاقىسى بار گەپ

بىر كۈنى ئەپەندىم بىر باغقا چۈشۈپ مېۋىلەرنى راسا يەۋاتقىنىدا، باغنىڭ ئىگىسى كىرىپ قېلىپ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا باغقا ئوغرىلىقچا چۈشتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن نېمىشقا خوتۇنۇڭغا كالاچ ئېلىپ بەرمىدىڭ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن.

— هوي، بۇ گەپنىڭ ئوغرىلىق بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپتۇ باغۋەن ھەيران بولۇپ.

— ئالاقىسى بار گەپنى تاپالمىسام، قانداق قىلىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

# كالاچنىڭ مىجەزى

ئەپەندىم بىر تويغا بارغاندا، كالىچىنى يېشىپتۇ - دە، قولتۇقىغا قىسىپ تۆرگە چىقىپتۇ. مېھمانلاردىن بىرى:

— ئەپەندىم، كالاچنى تالاغا قويسىڭىزمۇ بولاتتى، — دەپتۇ.

— بۇرادەر، كالىچىمنىڭ مىجەزى يامان، كىم يۇر دېسە، ئىگىسىنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## سىز ئەخمەق

بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنى «ئەخمەق» دەپتىكەن، قازى پادىشاھقا ئەرز قىپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ئاچچىق بىلەن:

— قازىمىزدىن كەچۈرۈم سوراڭ، سىز ئەخمەق ئادەم ئەمەسسىز دەڭ، بولمىسا جازاغا بۇيرۇيمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ قازىنىڭ ئالدىغا كېپتۇ ـ دە:

— سىز ئەخمەق، ئادەم ئەمەسسىز! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئەپەندىمنى كەچۈرۈم قىپتۇ.

## تېتىماي ساقلىدىم

ئەپەندىمنىڭ بىر تونۇشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزدە قىرىق يىللىق مۇسەللەس بار، دەپ ئاڭلايمىز، قانداق ساقلىدىڭىز؟ قېنى بىر تېتىپ باقايلى.

— تېتىپ باقايلى دېگەنلەرگە تېتىتماي ساقلىدىم، بولمىسا مۇسەللەسنى قىرىق يىل ئەمەس، قىرىق كۈنمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئەمدى جىم ياتىمەن

ئەپەندىم كېچىسى قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ئالدىدىن بىرمۇنچە ئاتلىق كىشىلەر چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم بۇلارنى ئوغرىمىكىن دەپ ئويلاپ، دەررۇ قەبرىستانلىقتىكى بىر ئوچۇق گۆرگە يوشۇرۇنۇپتۇ. ئاتلىقلار ئەپەندىمنى كۆرۈپ قېلىپ، گۆرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— كىمسەن ؟ بۇياققا چىق !

— ئۆلۈكمەن، ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭلار، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۆلۈك بولساڭ، تالادا نېمە قىلىپ يۈرسەن؟

— ساياھەت قىلىپ يۈرگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.


— ئۆلۈكمۇ ساياھەت قىلامدىكەن؟

— كەچۈرگەيسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ساياھەت قىلىپ خاتالىشىپتىمەن، ئەمدى جىم ياتىمەن.

## ئەگەر يول چىقىپ قالسا...

چوڭ بىر دەرەخنىڭ يېنىدا ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئەپەندىمنى ئالداپ كەشىسىنى ئېلىپ قاچماقچى بولۇشۇپتۇ.

— ئەپەندىم، مۇشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە قاغىنىڭ



بالىسى بار ئىكەن، ھېچقايسىمىز چىقالمىدۇق، شۇنى بىر ئېلىپ بەرسىڭىزكەن، — دەپتۇ باللار.

ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، كەشىسىنى سېلىپ پوتىسىغا قىستۇرۇپتۇ - دە، دەرەخكە يامىشىپتۇ.

باللار:

— ئەپەندىم، دەرەخنىڭ ئۈستىدە كەشىنىڭ نىمە ھاجىتى، كەشىڭىزنى قويۇپ قويۇڭ، ساقلاپ بىرىمىز، — دەپتۇ.

— دەرەخنىڭ ئۈستىدىن يول چىقىپ قالسا، چۇشۇپ ئاۋارە بولغۇچە، شۇ ياقتىنلا ئۆيۈمگە كېتىۋالارمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## نامىزىڭلار راۋا ئەمەس

ئەپەندىم تەكلىپ بويىچە يىراق بىر مەسچىتكە بىر ئاي ئىماملىق قىپتۇ. ئاخىردا جامائەت ئەپەندىمگە ھېچنېمە بەرمەستىن قۇرۇق قول قايتۇرۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇزىتىپ چىققان جامائەتكە دەپتۇ:

— سىلەرنىڭ قۇرۇق قول قايتۇرۇشۇڭلارنى بىلگەنىدىم، شۇڭا بىر ئاي تاھارەتسىز ئىماملىق قىلدىم، ئوقۇغان نامىزىڭلار راۋا ئەمەس !

## سىر ساقلىماق تەس

ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ:

— بۇ شەھەردىن ئوبدان سىر ساقلايدىغان بىرىنى تاپقىلى بولارمۇ؟

— شەھىرىمىزدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، سىرلارنى يۇيۇپ كەتمىسىمۇ، ئۆڭدۈرۈۋېتىدۇ، شۇڭا شەھىرىمىزدە سىر ساقلىماق تەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئىت بولغان بولسا...

شەھەر ھاكىمى ئەپەندىمنى چاقىرتىپ سوراق قىپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز مېنىڭ مىرشەپىمنى نېمە ئۈچۈن ئىت دەپ ھاقارەت قىلىسىز؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئىت ئەمەس دېگەندۇرمەن، ئەگەر مىرشەپىڭىز ئىت بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە ئۆزىڭىزنىمۇ تالىۋەتكەن بولار ئىدى، ئەمما يۈز - كۆزىڭىز ساق تۇرمامدۇ!

## قوي يېمەيدىغان بۆرە

بىر قويچى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇزۇن يىلدىن بېرى قوي باقىمەن، بۆرىنىڭ دەستىدىن جاق تويدۇم، دۇنيادا قوي يېمەيدىغان بۆرە بارمىدۇ؟

— بار، — دەپتۇ ئەپەندىم.



— قانداق بۆرە ئۇ قوي يېمەيدىغان؟
— ئۆلگەن بۆرە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## خەسىسنىڭ كارامىتى

بىر خەسىس ئادەم ئەپەندىمنى كۆرسىلا: «بۇرادەر، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىرەر - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېلەيمۇ دېمەيسىز» دەپ رەنجىيدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم شۇ خەسىسنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرەي، دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ ئولتۇرغان خەسىس خوتۇنىغا:
— ئەپەندىم بىزنىڭكىگە كېلىۋاتىدۇ، چىقىپ مېنى يوق دەپ قوي، — دەپتۇ.
ئەپەندىم ئىشىكنى تاقىلدىتىشىغا خەسىسنىڭ خوتۇنى چىقىپ:
— بالىلارنىڭ دادىسى بازارغا كەتكەنىدى، — دەپتۇ.
— ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويۇڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇنىڭدىن كېيىن بازارغا بارسا، كاللىسىنى دېرىزىگە قويۇپ كەتمىسۇن.

## گۇۋاھلىق بېرىش

شەھەر قازىسى دەۋا ئىشلىرىنى دائىم يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بارىدىكەن. ئەپەندىم كەمبەغەل بىر كىشىنىڭ دەۋاسىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن

قازىخانىغا كەپتۇ. قازى ئەپەندىمنىڭ راستگويلۇقىدىن ئەن-
دىشە قىلىپ، ئۇنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزمەسلىككە ئامال
ئىزدەپتۇ. ئاۋۋال ئۇ:

— گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەھلى مۇسۇلمان بو-
لۇش لازىم، قۇرئان ئايەتلىرىنى يادا بىلمەك شەرتتۇر، —
دەپتۇ.

ئەپەندىم قازى سورىغان ئايەتلەرنى تولۇق ئوقۇپ بې-
رىپتۇ. كېيىن قازى ئۆلۈكنى غۇسلى قىلغاندا ئوقۇيدىغان
ئايەتنىمۇ سوراپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىمۇ ياد ئوقۇپ بېرىپتۇ.

— بۇلار تېخى كۆپايە قىلمايدۇ، — دەپتۇ قازى، — ئۆ-
لۈكنى يەرلىككە قويغاندا ئوقۇيدىغان تەلقىننى بىلەمسىز؟

— ئۇنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بەختىلىك
بەندە ئىكەنسەن، قازىنىڭ ئالدىدا يالغان گۇۋاھلىق بېرىش-
تىن ئۆلۈپ قۇتۇلدۇڭ دەيمەن، خالاس.

## ئېشىكىڭ بولسا ھۇرۇن...

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ناھايىتى قاشاڭ ئىكەن. بىر
كۈنى ئېشەك مىنىپ كېتىپ بارسا، قوشنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سەپەر قاياققا؟

— جۈمە نامىزىغا.

— ھوي، بۈگۈن پەيشەنبىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئېشىكىمنىڭ مېڭىشى مۇشۇ





بولسا، جۇمەگىمۇ كىچىكىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئىشىكىڭ بولسا ھۇرۇن، ھەر ئىشنى باشلا بۇرۇن، دېگەن شۇ - دە!

## ئاغىنەم بولغىنىڭ ئۈچۈن

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن پۇل قەرز سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاغىنەم سىز، خىجىل بولۇپ قالدىم، پۇلىڭىز بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز.

— پۇل بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئاغىنەم بولغىنىڭ ئۈچۈن قانچە سورىساڭ مەن ۋەدە بېرەي.

## قولۋاق سەيلىسى

بىر كۈنى شەھەر بېگى ئەپەندىمگە ئۆزىنى قولۋاقتا سەيلە قىلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ بەگنى قولۋاقتا سېلىپ دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قولۋاق داۋالغۇپ كېتىپتىكەن، بەگ قورقۇپ:

— ئەپەندىم، قولۋاقتا چۈشۈپ باقمىغانىدىم، يۈرىكىم ئېغىپ كېتىپ بارىدۇ، بىر ئامال قىلىڭچۇ، — دەپتۇ. ئەپەندىم «خوپ» دەپتۇ ـ دە، بەگنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ سۇغا پاتۇرۇپتۇ، كەينىدىن تارتىۋېلىپ يەنە پاتۇرۇپتۇ، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن بەگنى سۇدىن چىقىرىپ قولۋاقتا ئولتۇرغۇزۇپتۇ ـ دە:

— بېگىم، ئەمدى قورقۇۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ بەگ، — ئەمدى يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى.

— شۇنداق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — سۇغا چۆكۈپ باقمىغان ئادەم قولۋاقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ.

## سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش

بىر كۈنى ئەپەندىمدىن كىشىلەر سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قوي قۇربانلىق قىلغانلار قىيامەتتە

سىرات كۆزۈرۈكىدىن قويغا مىنىپ ئۆتىدۇ، دېيىشىدۇ. قويغا كۆچى يەتمەي، زىغىر يېغىدا ياغ پۇراتقانلار قانداق ئۆتىدۇ؟

— جۇۋازچىنى مىنىپ ئۆتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## سەللىمازا ساقىيىسىز

ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كۆزۈم ئاغرىپ قالدى، نېمە دورا قىلسام بولار؟

— مەن چىشىم ئاغرىغاندا تارتقۇزۇۋېتىپ قۇتۇلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — كۆزىڭىزنىمۇ تارتقۇزۇۋەتسىڭىز، سەللىمازا ساقىيىسىز.

## ئەركەكزەدەك بېلىق

ئەپەندىم بىر كۈنى پادىشاھقا بېلىق سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ بىر تىللا ھەدىيە بېرىپتۇ. بۇنىڭغا ۋەزىرى نارازى بولۇپ:

— تەقسىر، بىر بېلىق ئۈچۈن بىر تىللادىن ھەدىيە بەرسىڭىز، خەزىنە قۇرۇپ قالىدۇ، تىللانى قايتۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ تەڭلىكتە قېلىپ:

— تىللانى قايتۇرۇۋالغان بىلەن يۈزىمىز كېتىپ

قالامدىكىن، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپتۇ ۋەزىر يول كۆرسى-تىپ، — ئەپەندىمنى چاقىرتىپ، «بىلىقىڭىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟» دەپ سورايسىز. «ئەركەك» دېسە، «ماڭا چىشى بېلىق كېرەك ئىدى» دەيسىز، ئەگەر «چىشى» دېسە، «ئەر-كەك بېلىق كېرەك ئىدى» دەيسىز، شۇنداق قىلىپ، بې-لىقنى بېرىۋېتىسىز - دە، تىللانى قايتۇرۇۋالىسىز.

پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەكەلگەن بېلىقىڭىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بايقاپ:

— ئەركەكزەدەك ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ جاۋابى ئالدىدا پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ ئىلاجسىز قاپتۇ.

## شاگىرت

دادىسى ئەپەندىمنى موزدوزغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭدىن:

— ئوغلۇم، موزدوزلۇقنى ئۆگەندىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالا بېقىشنى ئۆگەندىم. خۇدا بۇيرۇسا، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن هويلا سۈپۈرۈپ، سۇ توشۇشنىمۇ ئۆگىنىپ

قالىدىغان ئوخشايمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.


## ئۈچ خىل مەخلۇقنىڭ ئوزۇقى

پادىشاھ ئەپەندىمنى لەت قىلماق بولۇپ ئوردىغا چاقىرتىپتۇ ۋە بىر تەڭگە پۇل بېرىپ:

ــ بۇ پۇلغا بىرلا نەرسە سېتىپ ئەكىلىڭ، ئۇ ئۈچ خىل مەخلۇققا ئوزۇق بولىدىغان بولسۇن، ــ دەپتۇ.

ئەپەندىم بازارغا بېرىپ يوغان بىر قوغۇن ئەكەپتۇ ۋە قوغۇننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

ــ بۇ قوغۇننىڭ ئېتىنى ئۆزىڭىز، شاپىقىنى ئېشى-



كىڭىز يەپ، ئۇرۇقنى توخۇيىڭىزغا بەرسىڭىز، ئۈچ خىل مەخلۇق تەڭ تويىسىلەر، — دەپتۇ.

## ئۆز ئۆيۈمدىمۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازاردىن كەچ قايتقان ئەپەندىم ئۆ- يىگە كېتىۋېتىپ ئىككى قاراقچىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئەپەن- دىمدىن ھېچ نەرسە ئالالمىغان قاراقچىلار ئەپەندىمنى راسا ئۇرۇپ، ئاندىن قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار يەنە بولدى قىلماي، ئەپەندىمگە ئەگىشىپ ئۆيىگىچە كېلىپ، تۇڭلۇككە چىقىۋې- لىپ، ئەپەندىمنىڭ بالا - چاقىلىرىغا نېمە دېيىشىگە قۇلاق ساپتۇ.


— ھازىر ئۆيگە كېلىۋاتسام، — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇ- نىغا، — يولدا يۈزلىرىگە نىقاب تارتىۋالغان سەككىز قاراقچى توساتتىن چىقىپ ئالدىمنى توسۇماسمۇ، نەدىن كەلدى بۇ غەيرەت - جاسارەت، ئىككىسىنى ئىككى پەشۋا بىلەن دومىلىتىۋەتتىم، ئىككىسىنى مۇشتلاپ ياتقۇزۇۋەت- تىم، ئاندىن ئىككىسىنى كاللا قويۇپ دەرەخكە شاپاقتەك چاپلىۋەتتىم. قالغان ئىككىسى غال - غال تىترەپ قاچ- ماقچى بولغانىدى، خۇددى سار توخۇنى ئالغاندەك گەجگى- سىدىن تۇتۇۋېلىپ ماڭدىم. ئەسلىدە بۇ ئىككىسىنى بويىن- دىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ بەرسەم، سېنى ئۇلارنى ئېشەك

قىلىپ مىنىپ ئوينىسۇن، دەپ ئويلىنۋىدىم، ئۆيگە يېقىن كەلگەندە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. رەھمىم كېلىپ قويۇپ بەردىم.

توڭلۇك بېشىدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىككى قاراقچى ھەيران بوپتۇ. بىرى:

— ھەي ئەپەندىم، پو دېگەننىمۇ لايىقىدا ئاتقان ياخشى، پاختىكىڭىز ئۇچۇپ كەتمىسۇن بىكار، — دەپتۇ.

— يولۇڭغا مېڭىش ! ئۆز ئۆيۈمدىمۇ ماختانغىلى قويۇشمامسەن؟ ! — دەپتۇ ئەپەندىم خاپا بولۇپ.



# خەلق لەتىپىلىرى

## ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم...

تولىمۇ ئەزمە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەرقانچە جىددىي گەپنىمۇ يەتتە ئايلاندۇرۇپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى قوش-نىسى ئۇنىڭكىگە پاراڭلاشقىلى كىرىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى كۆيۈشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۆزى بايقىماپتۇ، ئەزمە بولسا بۇنى كۆرۈپ:

— مەن بىرنەرسە كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر سىز ئۇنى يېقىن ئارىدا نېرى تارتمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە زىيان بولارمىكىن. ئەگەر دەپ بەرگىن دېسىڭىزغۇ، قوشنىدار-چىلىقنىڭ يۈزىدىن دەپ بېرەرمەن... — دېيىشكە باشلاپتۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:

— زادى نېمە ئىش بولدى، دېسىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەزمە:

— چاپىنىڭىزنىڭ پېشى كۆيۈۋاتقىلى نەۋاخ، — دەپ-

تۇ. قوشنىسى دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ ـ دە، ئاچچىق-
لىنىپ:

— قانداق ئادەمسىز، كۆرگەن ھامان ھايت دەپ قوي-
سىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئەزمە قېتىغا كەلمىگەن
ھالەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم، سىز مەندىنمۇ
ئۆتە ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز جۇمۇ !

## مۇشۇ ئەقىللىقلەر ئاپارسۇن

بىر باي ئۆز خىزمەتكارىنى ھەرقانچە بەجانىدىل
ئىش قىلىپ بەرسىمۇ زادىلا ياراتمايدىكەن ۋە تىل ـ ئاھا-
نەت قىلىدىكەن. بىر قېتىم خىزمەتكار باينى مېھماندارچى-
لىققا ئاپارماقچى بولۇپ ھارۋا قوشۇۋاتسا، باي ئۆيىدىن
چىقىپلا تىللاپ كېتىپتۇ:

— چاپسانىراق مىدىرلىمامسەن، ئەقىلسىز ! ئىست
سېنى ئىشلىتىپ يۈرگىنىمگە، سېنىڭدىنچۇ مۇشۇ ئاتلار
ياخشى.

خىزمەتكار ھارۋىغا چۈشكەن بايغا بىر قاراپ قويۇپ،
قامچىنى بېرىقى ئاتنىڭ نوختىسىغا قىستۇرۇپتۇ ـ دە،
چەتكە چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي يەنە تىرىكىپتۇ:

— نېمە مىسىلدايسەن؟ ھەيدىمەمسەن ھارۋىنى !

— يوقسۇ، بېگىم، — دەپتۇ شۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇر-

غان هارۋىكەش، — ئەمدى سىزنى مۇشۇ ئەقىللىقلەر دېگەن يېرىڭىزگە ئاپىرىپ كەلسۇن.

## ئىنساپىڭىزنىمۇ تارتىپ باقسىڭىز...

گۆشنى دائىم كەم تارتىدىغان بىر قاسساپ «گۆشۈڭ كەم ئىكەن» دەپ ئەرز قىلغان بىر ئادەمگە:

— بىلەمسىز، مېنىڭ بۇ تارازامدەك لىللا تارازا بۇ شەھەردە يوق، — دەپ پوپوزا قىپتۇ.

— بەك ياخشى، — دەپتۇ گۆش ئالغۇچى، — ئەمسە مۇشۇ لىللا تارازىڭىزدا ئىنساپىڭىزنى بىر تارتىپ باقسىڭىز ئىكەن !

## تاماققا تەكلىپ

بىر كىشى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. ئاش تارتىلىدىغاندا چاقىرىلمىغان بىر مېھمان سالامسىز كىرىپ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ھەممە لېگەنگە قول سېلىپ، تاماقنى قورۇتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ئاچچىقى كەلگەن ساھىبخانا چاندۇرماي كۆپچىلىككە:

— قېنى، تاماق يېيىش مۇسابىقىسى باشلاندى، كۆپچىلىك تەڭ ئاتلىنايلى ! — دەپتۇ.

## گۇناھدىنمۇ قەبىھ ئۆزرە

پادىشاھ ئايالى بىلەن باغقا كۆڭۈل ئاچقىلى كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان قىزىقچىسىغا بۇيرۇپتۇ:

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر ئەدەپسىزلىك قىل، بۇنىڭغا سورىغان ئۆزرەڭ گۇناھىڭدىنمۇ قەبىھرەك بولسۇن.

قىزىقچى ئويلىنىپ تۇرمايلا، پادىشاھنىڭ چومبەل يېپىنىپ كېتىۋاتقان ئايالىنىڭ يانپېشىدىن قاتتىق چىمدىۋاپتۇ. ئايالىنىڭ ۋاي - ۋايىغا چىدىمىغان پادىشاھ ئۆڭۈپ، قىزىقچىغا ئالايغانىكەن، قىزىقچى دەررۇ ئۆزرە ئېيتىپتۇ:

— خاپا بولمىسىلا، خېنىم، ئۆگىمىسىلە، پادىشاھىم، مەن خېنىمنى تېخى پادىشاھىم چېغى، دەپ چىمداپتىمەن.

## پۇل ۋە ئابرۇي

ئىككى سودىگەر زىياپەت ئۈستىدە بىر - بىرى بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ.

— ئادەم بولامسىز؟ — دەپتۇ بىرى ئىككىنچىسىگە، — دائىم پۇل، پۇللا دەيسىز، مانا بىزچۇ، جان چىقسىمۇ ئابىرۇي ئىزدەيمىز، پۇل دېمەيمىز.

— بەك توغرا سۆزلىدىڭىز، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — ئادەم ھامانەم ئۆزىدە يوق نەرسىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ !

## ئاتا ـ بالىنىڭ دەردى

بىر كىشى قوشنىسىغا نەسىھەت قىپتۇ:

ـــ بۇرادەر، سىز بىلەن بىز ياشىنىپ قالدۇق، ھاراق ئىچىشنى تاشلاڭ.

ـــ ھەي ئاغىنە، دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن، ـــ دەپتۇ قوشنىسى.

ـــ نېمە دەردىڭىز بار؟

ـــ ئوغلۇم يۈزۈمنى قىلماي ھاراق ئىچىپ يۈرىدۇ، مەن شۇنىڭ ئاچچىقىدا ئىچىمەن.

ھېلىقى كىشى قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا نەسىھەت قىپتۇ:

ـــ بالام، سەن نېمىشقا كىچىك تۇرۇپلا ھاراققا بېرىلىپ كەتتىڭ؟ بۇ ناچار قىلىقنى تاشلا.

ـــ دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن، ـــ دەپتۇ ئوغۇل.

ـــ نېمە دەردىڭ بار؟

ـــ دادامنىڭ ساقىلىغا ئاق كىردى، ھازىرغىچە ھاراقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ، مەن شۇ دەردتە ئىچىمەن.

## لەشكەر بېشىنىڭ سەپتە مېڭىشى

بىر لەشكەر بېشى لەشكەرلىرى بىلەن يۈرۈشكە چىققاندا دائىم سەپنىڭ ئاخىرىدا ماڭىدىكەن. ئۇنىڭ دۈشمەن-

لىرى مەسخىرە قىلىپ:

— قاراڭلار، بۇ لەشكەر بېشى ئەمەس، پادىچىكەن، خۇددى پادىچىدەك لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭىدىكەن، — دېيىشىپتۇ. لەشكەر بېشى بۇنى ئاڭلاپ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭىدىغان بوپتۇ. دۈشمەنلىرى بۇنىمۇ مەسخىرە قىپتۇ:

— لەشكەر بېشى ئەمەس، قورقۇنچاق ئىكەن، قاراڭلار لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغىنىنى، — دەپتۇ.

لەشكەر بېشى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ھېلىقىلار بۇنىمۇ مەسخىرە قىپتۇ:

— كۆردۈڭلارمۇ بۇ ماختانچاقنى! ئالغان شەھىرىنىڭ تايىنى يوق، گىدىيىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا چىقىۋاپتۇ.

لەشكەر بېشى دۈشمەنلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋەرسە، ماڭىدىغان يولنى بىلەلمەي قالىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ماڭىدىغان بوپتۇ.

## يالغانچى

بىر يالغانچىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىراۋ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— داڭقىڭنى جىق ئاڭلىدىم، ئەمەلىيىتىڭنى بىر كۆرەي، مەشەدىلا قاتۇرۇپ بىر يالغان سۆزلىسەڭ، ئۇن تەڭگە پۇل بېرىمەن.

— نېمە، سىز بايىلا يىگىرمە تەڭگە بېرىمەن، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ — دەپتۇ يالغانچى دەرمەھەل.

## بالا ئوقۇتۇش

بىر خەسىس باي باشقا بايلارنىڭ ئۆيىگە ئوقۇتقۇچى يالاپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ بالىلىرىغا بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىپتۇ ـ دە، ئالدى بىلەن ئىش ھەققىنى سۆزلىشىپتۇ.

— دەسلەپكى ئىككى ئاي ئۈچۈن يىگىرمە بەش سومدىن، كېيىنكى ئايلار ئۈچۈن يىگىرمە سومدىن ھەق بېرىسىز، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى. باي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ بالىلارنى ئاشۇ كېيىنكى ئايدا ئوقۇتىدىغان دەرسلىرىڭىز بىلەن ئوقۇتۇشقا باشلاڭ! — دەپتۇ.

## بىراقلا ئارام ئالاي دېسەڭ...

بىر ھورۇن تام تۈۋىدە يېتىپ زېرىكىپتۇ ـ دە، يولدا كېتىۋاتقان بىر دېھقاندىن سوراپتۇ:

— ئاغىنە، ئاپتاپتا يېتىپ تۈزۈكرەك ئارام ئالالمىدىم، قانداق قىلسام بولار؟

— بىراقلا ئارام ئالاي دېسەڭ، — دەپتۇ دېھقان، — ئاپتاپتا ئەمەس، يامغۇر شارقىراپ ياغقاندا مۈشۈ تامنىڭ تۈۋىدە قوپماي يات.

## ئۆرۈك پىششىقى

بىر ئادەم ئۆرۈك پىششىقىدا چوڭ بىر باغقا بېرىپ ئۆرۈككە راسا تويغۇچە مېھمان بوپتۇ ـ دە، ئۆيگە قايتىپتۇ، يولدا كېلىۋېتىپ قورسىقى كۆپۈپ يەل قويۇپ بېرىپتۇ ـ دە، ئۆزىچە خۇدۇكسىنىپ:

«ئۆرۈك پىششىقى» دەپ قويۇپتۇ. يەنە بىرئاز مېڭىپ يەنە يەل قويۇپ بېرىپتۇ ـ دە، يەنە:

«ئۆرۈك پىششىقى» دەپ قويۇپ، ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، تونۇش بىرى كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ چاندۇرماستىن:

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئارقىسىدا كېلىۋاتقان كىشىمۇ چاندۇرمايلا:

— تەقسىر، مەن بىرىنچى ئۆرۈك پىششىقىدىلا كەلگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## توغرا جاۋاب

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىدىن:
— پالانى ۋىلايەتكە كىمنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىسەك

بولار؟ — دەپ سوراپتىكەن، ۋەزىر ھېچ ئىككىلەنمەيلا:

— پالانى تازا مۇۋاپىق، ئۇ تەيىنلەنسە، چوقۇم پۇقرانىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، — دەپتۇ پادىشاھ، — بىراق، ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ ئەمەسمىدى؟ ئەجەب بۈگۈن ئىككىلەنمەيلا شۇنى كۆرسەتتىڭغۇ؟

ۋەزىر جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئالىيلىرى، مەندىن كىم خىزمەتكە لاياقەتلىك دەپ سورىدىلا، بىراق كىم مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىدىغان - ياقمايدىغانلىقىنى سورىمىدىلا.

## ئىككىمىزنى تەڭ ئالداپتۇ - دە

چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە پادىشاھ ئايالىغا پاراڭ قىلىپ بېرىپتۇ:

— پالانى ئەمەلدارنىڭ ئايالى قازا تېپىپتىكەن، ئاخىرەتلىكىگە خىراجەت بەرگۈزۈپ يولغا سالدىم.

پادىشاھنىڭ ئايالى ھەيران بوپتۇ:

— نېمە دەۋاتىدىلا؟ بايىلا شۇ ئەمەلدارنىڭ ئايالى كېلىپ، ئېرىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئېيتىپ يىغلىۋىدى، دەپنە خىراجىتىنى قولىغىلا تۇتقۇزۇپ كەتكۈزۈۋەتكەندىم...

پادىشاھ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ:

— مانا قارا، ئىككىمىزنى تەڭلا ئالداپتۇ - دە ! خەپ، بۇدا يەنە بىر ئۆلەر...

## ئۇخلاۋاتقىنىڭدا بۇلاۋاتىمەن

بىر يېڭى قىمارۋاز كونا قىمارۋازنىڭكىگە كېلىپ قىمار ئويناپ، ئەكەلگەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. ۋاقىت بەكمۇ كەچ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ كونا قىمارۋازنىڭكىدە قونۇپ قاپتۇ. بىراق، ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىغا ئىچى ئېچىشىپ، زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇ ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن كونا قىمارۋازنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى تۇيۇپ قېلىپ ئويغىنىپ كەتكەن كونا قىمارۋاز:

— ھوي، نېمە قىلىۋاتىسەن ئۇخلىماي؟ — دەپ سوراپتىكەن، يېڭى قىمارۋاز تەپ تارتماي جاۋاب بېرىپتۇ:

— سەن ئويغاق ۋاقتىڭدا قىلغان بۇلاڭچىلىقنى، مەن ئۇخلاۋاتقىنىڭدا قىلاي دەۋاتىمەن.

## يېنىدا مەن يوق ئىدىم

بىر كىشى ئېشىكىنى ئوغرىلىتىپ قويۇپ، ئىز - دېرىكىنى قىلىپ يۈرسە، دوستلىرىدىن بىرى قىزىقىپ:

— ئېشىكىڭنى قانداق ئوغرىلاپ كەتتى؟ — دەپ

سوراپتۇ. ئېشەك يوقاتقان كىشى جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئېشەك ئوغرىلاتقانلىقىنى بايانىنى بىلسەم، ئېشەكنى ئوغرىلىتارمىدىم. ئېشەك يىتكەندە يېنىدا مەن يوق ئىدىم.

## مىرشەپ مەھكىمىسى

بىر يىگىت سەھرادىن شەھەرگە كىرىپ، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بوۋاينى توختىتىپ سوراپتۇ:
— خاپا بولماي ئېيتىپ بەرسىلە، مىرشەپ مەھكىمىسىگە قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدىكىن؟
— مىرشەپ مەھكىمىسىگە بېرىش يولى بەكمۇ ئوڭاي، ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — ھازىر ئۇدۇل مۇنۇ سەرراپ دۇكىنىغا كىرىسەن - دە، ھالقا - ئۈزۈك ساندۇقىغا قول سالىسەن، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۆزۈڭنى مىرشەپ مەھكىمىسىدە كۆرىۋەر.

## مەنسەپپەرەسنىڭ ئارزۇسى

بىر مەنسەپپەرەس ئادەم بولۇپ، دائىم يۇقىرى مەنسەپتىكىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش تەمەسىدە يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر ئاتنى يېتىلەپ يۇرت ھاكىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ - دە:
— جانابلىرىغا بۇ ئاتنى تۇتتۇم، قوبۇل قىلغايلا ! —

دەپتۇ.

— نېمە ئىلتىماسىڭ بار؟ — دەپتۇ ھاكىم ئەجەبلە-
نىپ.

— ئىلتىماسىم ئاددىيلا، — دەپتۇ مەنسەپپەرەس، —
بازار كۈنى، تەقسىر، ئۆزلىرى مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا
يانلىرىغا چاقىرىپ قۇلىقىمغا بىر ئېغىزلا گەپ قىلىپ
قويسىلا، تىللىسىلىمۇ مەيلى.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ھاكىم كۈلۈپ. بازار كۈنى ھا-
كىم سىپاھىلىرى بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئات ئەكې-
لىپ بەرگەن كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، بارمىقى بىلەن
ئىملاپ يېنىغا چاقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— ھوي بەتبەخت، چوشقا بولۇپ كەتكەيسەن! — دەپ
پىچىرلاپتۇ. مەنسەپپەرەس بولسا شۇ ھامان قولىنى كۆك-
سىگە قويۇپ:

— بولىدۇ، تەقسىر، بولىدۇ! جەزمەن ئورۇندايمەن، —
دەپتۇ.

## قازىنىڭ ئەقلى

بىراۋ قازىنىڭ ئات باقارىدىن سوراپتۇ:

— قازى ئاخۇنۇمنىڭ قورسىقى نېمانداق يوغان، بېشى
نېمانداق كىچىك؟

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ئات باقار، —



خوجايىننىڭ ئەقلى ئاتتا يۈرگەندە تولا چايقىلىپ قورسى-
قىغا ساقىپ چۈشۈپ كەتكەن ـ دە !

## بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ

ئاخۇنلاردىن بىرى ئۈرۈشتا غەلىبە قازىنالمىغان لەش-
كەر بېشىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ـ دە:

ــ سىز بۇ قېتىم خاتا قىلدىڭىز، ئاۋۋال مۇنۇ شە-
ھەرنى، ئاندىن مۇنۇ شەھەرنى، ئاخىردا بولسا ماۋۇ شەھەر-
نى قورشاۋغا ئېلىش كېرەك ئىدى، ــ دەپ خەرىتىنىڭ
ئۈستىدە بارماقلىرىنى ماڭدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭسىزمۇ
مىجەزى قوداڭشىپ تۇرغان لەشكەر بېشى ئاخۇننى سىلكى-
ۋېتىپتۇ:

— تەقسىر ئاخۇنۇم، سۆزلىرىڭىز توغرا، بىراق ئۇرۇشتا شەھەرلەرنى بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ !

## تۇزلۇكنىڭ باھاسى

بىر موماينىڭ بېغىدا ئىنتايىن تۇز ئۆسكەن بىر تۇپ دەرىخى بولۇپ، موماي ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىدا بىر تال ياغاچ بىلەنلا تۇرىدىغان ئىمارەت سېلىش ھەۋىسى قوزغىلىپ، بۇ- نىڭغا لايىق كەلگۈدەك ئۇزۇن ھەم تۇز ياغاچنى ئىزدەپ، ئاخىر موماينىڭ بېغىدىن تېپىپتۇ - دە، مومايغا رازى بولغۇدەك ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ ياغاچنى ئاپتۇ.

موماي ياغاچنىڭ ھەققىگە بېرىلگەن شۇنچىلا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشكە قاراپ:

— بىر تۇپ تۇز ياغاچنىڭ قىممىتى مۇشۇنچىلىك بولسا، ھەقىقىي تۇز ئادەمنىڭ باھاسىغا يېتىپ بولماي- دىكەن - دە، — دەپتۇ.

## مۆرۈكتىنمۇ بېقىڭلار...

ئۆرۈك پىشىقىدا بىرنەچچەيلەن بىر تۇپ ئۆرۈكى بار ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئىككى كۈندىلا بىر كېلىدىكەن - دە:

— ئاغىنە، ئۆرۈك - مۆرۈكۈڭدىن يېمەيلىمۇ؟ — دەپ شاخنى سىيرىپ كېتىدىكەن. ھېلىقى ئادەم ئاخىر ئىچىدە «خەپ» دەپتۇ.

ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ھېلىقىلار يەنە دۇكۇرلىشىپ كىرىپ كەپتۇ - دە:

— ئاغىنە، ئۆرۈك - مۆرۈكۈڭ تۈگەپ كەتمىگەندۇر؟ — دەپ چاقچاق قىلىشىپتۇ.

— ۋاي تۈگەمدىغان، قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ۋە بىر لېگەنگە ئۆرۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى دۆ-ۋىلەپ ئەكىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— بۇ نىمە گەپ، ئاغىنە؟ — دەپتۇ مېھمانلاردىن بىرى تاتىرىپ.

— ئۆزۈڭلار دائىم كەلگەندە «ئۆرۈك - مۆرۈكتىن يېمەيلىمۇ» دەيسىلەر. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆرۈكتىن يېدىڭلار، ئەمدى مۆرۈككىمۇ ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار.

## يولدىكى تاۋۇز

بىر ئادەم سەھرادىن كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە تۇرغان يوغان تاۋۇزنى كۆرۈپ، دەررۇ ئېلىۋېلىشقا پېتىنالماستىن تاۋۇزنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر يولۇچى كېلىپ قاپتۇ - دە:

— تەقسىر ئاخۇنۇم، سۆزلىرىڭىز توغرا، بىراق ئۇرۇشتا شەھەرلەرنى بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ !

## تۈزلۈكنىڭ باھاسى

بىر موماينىڭ بېغىدا ئىنتايىن تۈز ئۆسكەن بىر تۈپ دەرىخى بولۇپ، موماي ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىدا بىر تال ياغاچ بىلەنلا تۇرىدىغان ئىمارەت سېلىش ھەۋىسى قوزغىلىپ، بۇ- نىڭغا لايىق كەلگۈدەك ئۇزۇن ھەم تۈز ياغاچنى ئىزدەپ، ئاخىر موماينىڭ بېغىدىن تېپىپتۇ - دە، مومايغا رازى بولغۇدەك ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ ياغاچنى ئاپتۇ.

موماي ياغاچنىڭ ھەققىگە بېرىلگەن شۇنچىلا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشكە قاراپ:

— بىر تۈپ تۈز ياغاچنىڭ قىممىتى مۇشۇنچىلىك بولسا، ھەقىقىي تۈز ئادەمنىڭ باھاسىغا يېتىپ بولماي- دىكەن - دە، — دەپتۇ.

## مۆرۈكتىنمۇ بېقىڭلار...

ئۆرۈك پىشىقىدا بىرنەچچەيلەن بىر تۈپ ئۆرۈكى بار ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئىككى كۈندىلا بىر كېلىدىكەن - دە:

دەپتۇ:

— راستىنى ئېيتسام، دادام رەھمەتلىكمۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا خۇددى سىلىدەكلا ئاغرىپ ياتقانىدى، بايقىشىمچە، سىلىنىڭمۇ ۋاقىت - سائەتلىرى توشۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنچىلىك ۋاقىتلىرىدا باللارغا دەيدىغان گەپلىرى بولسا دەۋالسىلا!

شۇ چاغدا ئاغرىق كىشى باللىرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، ئۇلارغا:

— باللىرىم، مېنىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتىم، بۇ ساراڭنى قوغلاپ چىقىرىڭلار ۋە ئىككىنچى ئۆيگە يولاتماڭلار، — دەپتۇ.

## ئۆلچەپ كېلىپ بىر نەرسە دەي

بىر كىشى موللىلىقتىن خەۋىرى بار قوشنىسىدىن سوراپتۇ:

— قوشنام، ئاخۇنۇم مەسچىتتە دائىملا ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا دەپ سۆزلەيدۇ، ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىكتۇر؟

قوشنىسى سوئال سورىغان ئادەم تۇرغان يەرنى پۇتى بىلەن سىزىپ بەلگە قىپتۇ - دە، ئۆزى ئۇدۇل مەھەللە ئايىغىدىكى زاراتگاھلىققا قاراپ قەدەم ساناپ مېڭىپتۇ.

— ھە قوشنام، نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ

هەيران بولغان هالدا سوئال سورىغان كىشى. قوشنىسى ئېيتىپتۇ:

— ئۇ دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىزنى ئۆلچەپ كېلىپ بىرنەرسە دەيمىكىن !

## مەشەدىلا پۇتۇشۇۋېلىڭلار

ئىككى ئادەم بازاردا كېكىردەك سىقىشىپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. بىرىنچىسى:

— بەرمەيمەنغۇ زادى، نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېسە، ئىككىنچىسى:

— بەرمىسەڭ بەرمە، پۇلۇمنى قىيامەتتە ئالىمەن، قېنى شۇ يەردە بەرمىگىنىڭنى كۆرەي، — دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ئۇلارنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىراۋ ئاجرىتىپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئۇ ئالارمەنگە، — ياخشى گەپ قىلىپ، پۇلۇڭنى مۇشۇ دۇنيادىلا ئەپلەپ ئېلىۋالدىغاننىڭ كويىنى قىل. قىيامەتتە ئالغىنىڭ بىلەمۇ، بەربىر ئۇ يەردە خەجلەيدىغان بازار يوق.

## كېيىن ئاقارتىۋېتىڭ

بىر ئادەم قوشنىسىنىڭ يېڭى سېلىۋاتقان ئۆيىنى كۆرگىلى كىرىپ:

— ئۆيىڭىز پۇتۇپ قاپتۇ - هە؟ — دەپ زوقلىنىپتۇ.

— خۇدا بۇيرۇسا، — دەپتۇ قوشنىسى، — ئەمدى ئاقارتىشلا قالدى. ئاۋۋال ئاقارتىمەن، كېيىن تاملارغا رەسىم سىزدۇرۇۋېتىمەن.

قوشنىسى دەپتۇ:

— ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال رەسىم سىزدۇرۇپ، ئاندىن ئاقارتىۋېتىڭ.

## ئەمدى سورىغىنىنىلا بېرىڭ

بىر كەمبەغەل ئادەم قىيىنچىلىقتىن ھال ئېيتىپ پادىشاھ ھاتەمنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەللىك تەڭگە سورىغاندىكەن، ھاتەم ئۇنىڭغا يۈز تەڭگە بېرىپ يولغا ساپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئوردىدىن قايتىشىدا خۇشاللىقىدىن ئوردا پەلەمپەيلىرىنىڭ ئۈچىنى بىراقلا ئاتلاپ چۈشكەنىكەن، پۇتلىشىپ يىقىلىپ پۇتى قايرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ھاتەم ھېلىقى ھاجەتمەننى يوقلاپ بېرىپتۇ.

— تەقسىر، بۇنىڭدىن كېيىن ھاجەتمەنگە سورىغىنىنىلا بېرىڭ، بولمىسا باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالىدىغان ئوخشايسىز، — دەپتۇ ھېلىقى ھاجەتمەن ھاتەمگە.

## تېپىلغان نەرسىنىڭ لەززىتى

تۆگىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان بىر كارۋان بازاردا جاكارلاپتۇ:

— تۆگەمنى تېپىپ كەلگەن ئادەمگە ئىككى تۆگە سۆيۈنچە بېرىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ئاڭلىغانلاردىن بىرى، — يوقالغان بىر تۆگىنى تېپىپ بەرگەنگە نېمىشقا ئىككى تۆگە سۆيۈنچە بېرىسىز؟

كارۋان ئېيتىپتۇ:

— يوقالغان نەرسە تېپىلغان ۋاقىتتىكى لەززەتنى سىلەر بىلمەيسىلەر - دە، بۇ لەززەتنى تېتىش ئۈچۈن، ھېلىغۇ ئىككى تۆگە ئىكەن، پۈتۈن بىساتىم كەتسىمۇ مەيلى.

## چىراي ۋە ئەقىل

پادىشاھنىڭ مەلىكىسى شەھەردىكى ئاياللارنىڭ بىر - نىمۇ قالدۇرۇپ قويماي زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. ئاياللار ھەم - مىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، يۇزى - دىن چۈمبەلنى ئاپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە ناھايىتى سەت ئىكەن.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ئىچىدە چىرايىغا تەمەننا قويۇپ يۈرگەن بىر ئايال مەلىكىگە ئۆزى - نىڭ ئايرىم گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— مۆھتەرەم مەلىكە، خۇدايىم ھەممىمىزنى يارىتىپ،

ھۆسن ـ جامال تەقسىم قىلىنغاندا ئۆزلىرى نەدە قالغانىدى.
لە؟ ــ دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئايال مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا
پىچىرلاپ.
مەلىكىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:
ــ بۇ چاغدا خۇدايىم ئىككىنچى بىر تەرەپتە ئەقىل
تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتاتتى، مەن شۇ ياققا بېرىپ قالغاندى.
كەنمەن.

## ئۆگزەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكېتىڭلار

ياز بويى يامغۇر ياغمىغاچقا، مەھەللىدىكىلەر قوي سو-
يۇپ، نەزىر قىلىپ زاراخەتمە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ئۆي-
مۇئۆي پۇل يىغىپتۇ. نۆۋەت بىر بېخىلنىڭكىگە كەلگەندە
زادىلا بىرنەرسە بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.
ــ يامغۇر ياغسا، سىزنىڭ بېغىڭىزغىمۇ مايدەك يا-
غىدىغۇ! ــ دەپتۇ پۇل يىغقىلى كەلگەنلەر.
ــ نېسىدىن تەلىيىم يوق، ــ دەپتۇ بېخىل، ــ بول-
دى، شۇ يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتنى مېنىڭ ئۆگزەمدىن
ئارتىلدۇرۇپ ئەكېتىڭلار.

## ئاتنىڭ ئۇستىدە

دائىم ياخشى ئات مىنىپ يۈرىدىغان بىر كۆرەڭ ئاتلىق
كېتىۋېتىپ ئېشەكچى بوۋاينى كۆرۈپ مەسخىرە قىلماقچى

بولۇپ سوراپتۇ:

— بوۋاي، ئېشەك نەدە؟

— ئېشەك ئاتنىڭ ئۈستىدە !

## چاچراتقۇ نەدىن چىقتى

بىر يېزىدا كىتاب ئاچىدىغان بىر موللا، چاچراتقۇ سالىدىغان بىر مومايمۇ بار ئىكەن. كىشىلەرنى ئالداپ پۇلنى كۆپرەك تېپىش ئۈچۈن، موللا بىلەن موماي گېپىنى بىر قىلىشىۋالغانىكەن. بىر كۈنى مۇخپۇل دېگەن بىر دېهقاننىڭ يۈگۈرۈك تورۇق ئېتى ئاغرىپ يىقىلىپ قاپتۇ. مۇخپۇل موللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىتاب ئاچقۇزغانىكەن، موللا:

— ئوغلۇم، خاتىرجەم بول، ئېتىڭ ساقىيىدۇ. ئېتىڭغا بىرى قەست قىلغاندەك تۇرىدۇ. ئالدى بىلەن چاچراتقۇ سالدۇرۇپ كۆرۈپ باق، ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا كەل، — دەپتۇ.

مۇخپۇل ئۆيىگە قايتىپ بارسا، ئاتنىڭ ھالى ناھايىتى خاراب بولۇپ، پىچاققا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇ ئاتنى سويۇپ پارچىلاپ، قولۇم - قوشنىلىرىغا تارقىتىپ بېرىپتۇ، تېرىسىنى تېرە ئالغۇچىغا بېرىپتۇ. شۇ كۈنى پېشىن نامىزىدىن قايتقاندا موللا:

— مۇخپۇل ئوغلۇم، چاچراتقۇ سالدۇردۇڭمۇ؟ چاچرات-

قوْلۇڭ نەدىن چىقتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي تەقسىر، چاچراتقۇ چاچراتقۇلۇقتىن چىقتى، ئاتنىڭ بوينى ئاجراتقۇلۇقتىن چىقتى، گۆشى پارچىلاتقۇلۇقتىن چىقتى، ئۇستىخىنى ئىتلارغا تاشلاتقۇلۇقتىن چىقتى، تېرىسى ئاشلاتقۇلۇقتىن چىقتى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موللا نومۇستىن بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، كۆپنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن لەت بوپتۇ.

## تېخى ياخشى ئىكەنغۇ

بىر كىشى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا مەھەللىدىكى جامائەت ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ. جامائەتنىڭ بىرى بىمارنىڭ باش تەرىپىدە ئېسىقلىق تۇرغان دۇتار، تەمبۇرنى كۆرسىتىپ:

— بۇرادەر، دۇتار - تەمبۇر بار يەرگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سىز؟ نېمىشقا بۇلارنى بېشىڭىزغا ئاستۇرۇپ قويىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىمار كىشى، — راستىتىنلا شۇنداق بولسا، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، شۇ دۇتار، تەمبۇرنى گۆرۈمگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئاندىن مېنى كۆمۈڭلار، سوئال - سوراقتىن خاتىرجەم ياتىدىكەنمەن.

## تېزرەك چۈشەرمكن دەيمەن

بىر ئايال تۈغۈت ئۈستىدە بوشىنالماي بەكمۇ قىينىـ-
لىپ كېتىپتۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالغان
ئېرى دەرھال بىر غەلۋىر ياڭاقنى ئەكىرىپ، خوتۇنىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ھەدەپ شاراقشىتقىلى تۇرۇپتۇ. ئايال جان
ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ:

— چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن دېگەندەك،
نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپتىكەن، ئېرى دەرھال
چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئۇنداق دېمە، ئانىسى، ئۇچىلا بالىمىز ياڭاققا ئۆل-
گۈدەك ئامراق ئەمەسمۇ، بۇداقىسىمۇ شۇنداق بولسا، ياڭاق-
نىڭ شاراقشىغىنىنى ئاڭلاپ تېزرەك چۈشەرمكن دەيمەن !

## قايسىسىغا دو تىكىسلەر

ئىككى سودىگەر بازاردا سوقۇشۇپ قېلىپ، كاللا -
موللاق بولۇپ كېتىپتۇ، باشقىلار ئاجراتقانسېرى ئەدىشىپ-
تۇ. شۇ چاغدا توپ ئىچىدە تۇرغان بىر قىزىقچى ئادەم
ۋارقىراپتۇ:

— خالايىق، قېنى قايسىسىغا دو تىكىسلەر؟ قارا
تۇماقىمۇ ياكى بۆكچانغىمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، دو تىكىشىپ ئوينايدىغان ئىت

تالاشتۇرۇشمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ قىزىقچىنىڭ گېپىدىن ھەيران بولغان كىشىلەر. ھېلىقى قىزىقچى دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇلار ئىت بولمىسا، ئاجراتقانسېرى تالىشىپ كېتەتتىمۇ؟

## ئېچىق بېشىدا ئېشەك بار دەپ ئاڭلاپ

بىر يىگىت ئېچىق بېشىدا ياشانغان بىر كىشى بىلەن سۇ تالىشىپ يولسىزلىق قىپتۇ. بوۋاي:

— بالام، مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، سەن بولساڭ ياش، ئۇنداق قىلما، سۇنى مەن باشتا ئېچىۋالاي، — دەپتىكەن، ھېلىقى يىگىت بىشەملىك قىلىپ:

— كىم سېنى ساقلىغنى بىر باغ بېدىدەك چاڭگىلاشتۇرۇپ سۇ ئاچقىلى چىق دېدى، ئۆيۈڭدە ياشراق بىرەرى يوقمىدى؟ — دەپ بوۋايغا يول قويماپتۇ.

— ياشلاردىنغۇ بار ئىدى، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىرىماستىن، — بىراق، ئېچىق بېشىدا ئاچ قالغان ئېشەك بار دەپ ئاڭلاپ، بۇ بېدىنى ئالايتەن ئۆزۈم ئەكېلىۋىدىم.

## ئاۋۇت ئەزمە بىلەن ساۋۇت ئەزمە

بىر - بىرىگە قوشنا ئىككى شەھەردە ئاۋۇت ئەزمە بىلەن ساۋۇت ئەزمە دېگەن ئىككى گەپچى ياشايدىكەن. بىر

یازدا ئاۋۇت ئەزمە ساۋۇت ئەزمىنى زادى بىر ئىزدەپ تې-
پىپ، گەپتىن يىقىتىپ كەلمىسەم، دەپ ساۋۇت ئەزمىنىڭ
شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ ساۋۇت ئەزمە تۇرغان شە-
ھەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىشىكىنى
چېكىپتۇ. ئۆيدىن ساۋۇت ئەزمىنىڭ ئوغلى چىقىپتۇ.

— مېنىڭ ئېتىم ئاۋۇت ئەزمە، پالانى شەھەردىن
كەلدىم، داداڭ ئۆيدە بولسا چاقىرىۋەت، گېپىم بار، —
دەپتۇ بالىغا ئاۋۇت ئەزمە. بالا دەررۇ ئۆيگە كىرىپ دادىسى-
غا گەپنى يەتكۈزۈپتۇ.

ساۋۇت ئەزمە خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇچىسىغا
جۇۋا، بېشىغا قۇلاقچا، پۇتىغا پىيما كىيىپ تالاغا چىقىپ
ئاۋۇت ئەزمە بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— ئادىشۇي، مۇنچىۋالا ئىسسىقتا نېمانچە قېلىن
كىيىنىۋالدىڭ؟ — دەپ ئاۋۇت ئەزمە چاقچاق قىپتۇ. شۇنى
كۇتۇپ تۇرغان ساۋۇت ئەزمە دەررۇ:

— سىلىنىڭ گېپىڭلار توگىگۈچە قىش چۈشۈپ كې-
تەر، — دەپ جاۋاب قايتۇرغانىكەن، ئاۋۇت ئەزمە گەپتە
بەس كېلەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، شۇ هامان كەينىگە
قايتىپتۇ.

## بۈگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن

بىر - بىرىنى بىلىشمەيدىغان ئۈچ ئوغرى تېپىشىپ

قېلىپ، بىر ئۆيگە ئوغرىلىققا چۈشمەكچى بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقا تېمىنى تەشكەندىن كېيىن ياشراق بىرىنى:

— سەن كىر، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئوغرى تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ ئۆيگە كىرىشىدىگىلا، خېلىدىن بېرى ئوغرىلارنى سېزىپ راسلىنىپ تۇرغان ئۆي ئىگىسى قولىدىكى پىچاق بىلەن كىرگەن ئوغرىنىڭ بۇرنىنى شارتلا كېسىۋاپتۇ. ئوغرى بولسا بۇرنىنى قولى بىلەن توسۇغىنىچە سىر بەرمەي:

— ۋاي - ۋۇي، مۇنۇ ئۆيدىكى سېسىقچىلىقنى! — دەپلا كەينىچە ئۆمىلەپ يېنىپ چىقىپتۇ.

— نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟ — دەپ ئىككىنچى ئوغرى تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ كىرىپتىكەن، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

— پاھ، ماۋۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان نەغمە - ناۋانى، قۇلىقىم گاس بولۇپ قالدا، — دەپ ئۇمۇ ئالىقىنىدا قۇلىقىنى توراپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئۈچىنچى ئوغرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— بىرىڭ سېسىقچىلىق دەيسەن، بىرىڭ نەغمە - ناۋا دەيسەن، نېرى ئۆتۈشە، ئۆزۈم بىر كىرىپ باقاي، — دەپلا تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ كىرىپتىكەن، بۇ دۆرەم ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ جان يېرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

— بىكار نەغمە - ناۋا ئەمەس ئىكەن - دە، ئەسلى بۈگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ

ئۈچىنچى ئوغرىمۇ دەرھال يېنىپ چىقىپتۇ.

## گۇناھ

قازى بىر ئادەمنى يوقىلاڭ ئىشقا تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىپتۇ:

— نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟

— باي قوشنام بىلەن جاڭجاللاشتىم.

— يەنچۇ؟

— يادىمدا يوق.

— ياخشى ئويلا، — قازى دوق قىپتۇ.

— ھە، يادىمغا كەلدى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مەھەللىمىزدىكى كۆپچىلىك «پارىخور قازىنىڭ ئۈستىدىن ئامبالغا ئەرز قىلايلى» دېگەندە، «بولدى قويۇڭلار» دەپ ئۇلارنى توسقاندىم.

## كىم كېپىل

ھېچقاچان كىتاب ئوقۇمايدىغان بىر ئادەم كىتابنىڭ گېپى بولۇۋاتقان بىر سورۇندا بىر كىتابنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، يېنىدىكىلەرگە:

— مۇشۇ كىتابنى ئوقۇساڭلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىڭلارغا مەن كېپىل، — دەپ ماختىنىپتۇ.

— ئۇنى سىزنىڭ بىلىدىغانلىقىڭىزغا كىم كېپىل؟ —

دەپ سوراپتۇ سورۇندىكىلەردىن بىرى.

## تەۋەككۇلچى

بىر بېخىل ئادەم ئۆزىچە ئۇلپىتىنى كولدۇرلاتماقچى بولۇپ:

— بىلەمسىز، تەۋەككۇلچى دېگەن قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، بېخىلنىڭ ئۇلپىتى تەخىرسىز جاۋاب بېرىپتۇ:

— قورقماستىن سىزدىن قەرز پۇل سورىغان كىشى !

## مال باھاسى

قازى دەۋاگەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دائىم سەت گەپ- لەر بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلەيدىغان بىر ئادەمنى سوراق قىلىپ:

— قوشناڭنى ئېشەك، دەپ تىللىغىنىڭ ئۈچۈن ئىك- كى يۈز تەڭگە تۆلەيسەن، — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

جاۋابكار رازى بولماي دەپتۇ:

— ئۆتكەندىمۇ بۇ كىشىنى ئېشەك دەپ تىللىسام، يۈز تەڭگە بۇيرۇغانىدىڭىزغۇ؟

— دەرۋەقە، — دەپتۇ قازى تەمكىنلىك بىلەن، — بۇ يىل مال باھاسى بىر ھەسسە ئۆسكىنىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟

# ئىسكەندەر ھەققۇلى لەتىپىلىرى

ئىسكەندەر ھەققۇلى 1918 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە- نىڭ گەزلىك يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دىـ- نىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان، 1946 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ چىرىك سىياسىتىگە قارشى بەزى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېـ- لىنغان، ئازادلىقتىن كېيىن كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئۇ 1979 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

## كۆزىمۇ گاسمۇ

بىر كۈنى ئىسكەندەر كوچىدا ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتسا، بىر كىشى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاپتۇ. ئىسكەندەر ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ، ئۇنى ماڭدۇرالمىغاندىن كېيىن، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بوپتۇ ۋە يېنىدىكى ئاغىنىسىدىن:

— بۇ قانداق ئۆڭمەس ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئادەمنىڭ قۇلىقى گاس، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئۇغۇ مەيلى، كۆزىمۇ گاسمىدۇ؟ — دەپتۇ ئىسكەندەر.

## ئۇگۇت ئاز

ئىسكەندەر بىرىنىڭ ئۆيىگە بارغانىكەن، بېخىل ساھىبخانا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پارچىلا نان قويۇپتۇ. ئىسكەندەر ئۇنى ھەش - پەش دېگۈچىلا يەپ قويۇپتۇ.

— ئىسكەندەر، تۈگمەن بەك ئىتتىكەنغۇ؟ — دەپتۇ ساھىبخانا.

— يوقسۇ، — دەپتۇ ئىسكەندەر، — تۈگمەن ئىتتىك ئەمەس، ئۇگۇت ئاز.

# ئىسكەندەرنىڭ چېيى

ئىسكەندەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئىسكەندەرنىڭ چىنىسى-نىڭ تېگىگە زاغرا نان، ئۈستىگە بۇغداي نان سېلىپ چاي قۇيۇپ بېرىپتۇ. ئىسكەندەر چاي ئىچىپ ئولتۇر-غاندا بىرى كىرىپ كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئىسكەندەردىن سوراپتۇ:

— ئىسكەندەر، بۇ قانداق چاي؟

— بۇ چىنىنىڭ تېگىگە زاغرا نان سېلىپ، ئۈستىگە بۇغداي نېنىنى سالىدىغان ئۆگەي بالا ئىسكەندەرنىڭ چېيى ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# دەم ئېلىۋېلىپ تارتسىڭىز

ئىسكەندەر سۇ ئامبىرىغا ئەمگەككە بارغاندا بىر خو-رەكچى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ خورىكىدىن ئىسكەندەرنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر ھېلىقى كىشىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ:

— ئاغىنە، بىرلا پەدىگە خورەك تارتىپ بەك ھېرىپ كەتتىڭىز، ئويغىنىپ بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ، پەدە يۆتكەپ خورەك تارتسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.

# ئۇستا دېگىلى بولامدۇ

بىرقانچە ياش شەپكىسىنى قىڭغايتىپ كىيىۋېلىپ،

ماشىنىچىنى ماختاۋاتقاندا، ئىسكەندەر كېلىپ قاپتۇ. ئىسكەندەر بالىلارغا سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن سۆز قىستۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ شەپكەڭلەرنى تىككەن ماشىنىچى نائۇستا ئادەم ئىكەن، شۇنداق ياخشى بېشىڭلارغا شەپكىنى قىڭغايتىپ تىككەن ماشىنىچىنى ئۇستا دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

## ئۇنىڭ يېگىنىنى كۆرسۇن دېۋىدىم

ئىسكەندەر مېھمان چاقىرىپتۇ. مېھمانلار تاماق يەۋاتقان چاغدا چاقىرىلمىغان بىر مېھمان كىرىپ، تەكلىپمۇ كۈتمەي تۆرگە چىقىپتۇ - دە، ھەممە لېگەندىكى گۆشلەرنى يەپلا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىدىن يىرگەنگەن ئىسكەندەر دۇئادىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ھەرقايسىلىرىنى مۇشۇ مېھماننىڭ تاماق يېيىش ھۈنىرىنى كۆرسۇن، دەپ چاقىرغانىدىم، خاپا بولۇشمىسىلا !

## قاراپ باقارمىز...

ئىسكەندەرنىڭ لەقىمى «تۆگە» ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ دېھقانلار بىلەن ئۆستەڭ چېپىۋاتسا، «كالا» لەقەملىك بىر تونۇشى زاڭلىق قىلىپ:

— ئىسكەندەر، بۇ ئۆستەڭ تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە

يەتكەندە پۇتەرمۇ؟ — دەپتۇ.

— كالىنىڭ قۇيرۇقى شۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپ يەرگە تەگمىگەن يەردە، تۆگە قۇيرۇقىنىڭ يەرگە يېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ قېنى قاراپ باقارمىز، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

## بىر ياش ئېشىپ كېتىپتۇ

ئىسكەندەر رايونلۇق ھۆكۈمەتتە تۇرمۇش قۇرغۇچىلارغا خەت كېسىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، بىر قىزنى ئاتا - ئانىسى ئەكېلىپ:

— بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردى، خەت كېسىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. ئىسكەندەر مۇۋاپىق كۆرمەي:

— بىر ياش كەم ئىكەن، — دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى يەنە كېلىپ:

— قىزىم ئون توققۇز ياشقا كىردى، خەت كېسىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. ئىسكەندەر كۈلۈپ قويۇپ:

— قىزىڭىز توي قىلىش ۋاقتىدىن بىر ياش ئېشىپ كېتىپتۇ، يېشى توغرا بولغاندا ئەكېلىڭ! — دەپتۇ.

## جان قويامدۇ

بىرى ئىسكەندەردىن سوراپتۇ:

— مەرگەن ئوۋچىلىق قىلغاندا نېمە ئۈچۈن بىر كۆ-
زىنى قىسىۋېلىپ ئوق ئاتىدۇ؟

— ئەگەر، — دەپتۇ ئىسكەندەر، — ئۇ ئىككىلا
كۆزىنى ئېچىپ قارىغا ئالىدىغان بولسا، جاھاندا جان
قويامدۇ؟

## ئاچچىق سېتىۋېلىش

بىر مال ساتقۇچى ماگىزىنىدا خېرىدارلارغا تولا ئاچ-
چىقلايدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر بىر كۈنى مال سات-
قۇچىدىن:

— خېنىم، ماگىزىنلىرىدا ساتىدىغان ئاچچىق
بارمۇ؟ — دەپتۇ.



— ئاچچىق بولسا،
نېمە قىلاتتىلە؟ — دەپ-
تۇ مال ساتقۇچى.

— ئۆزلىرىنىڭ
ئاچچىقلىرىنى بىراقلا
سېتىۋېلىپ، خېرىدارلار-
نى قۇتقۇزاي دېۋىدىم، —
دەپتۇ ئىسكەندەر.

## ئەۋرىشكە

ئىسكەندەر بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانىكەن، ئاغىنىسى ئېشىپ قالغان تاماقتىن بىر قاچا ئەكېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ ئاخشامقى تاماق ئىدى، يەپ باقامالا؟ — دەپتۇ.

— يوقسۇ، بۇ ئەۋرىشكىلىرى ئىكەن، ئەۋرىشكىنى يېسەم بولماس، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

## قانداق تونۇي

ئىسكەندەر بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسى بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇيالماپتۇ، چۈنكى ئۇ بالا ئاجايىپ - غارايىپ ياسانغانىكەن.

— تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ بالا.

— سىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىڭنى بىلەلمەيۋاتسام، تۇغقانلىقىڭنى قانداق بىلەي، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

## ئۆزلىرىنى دوراپتۇ

بىر جېدەلخور ئۆزىنىڭ ئىتىنى ماختاپ:

— بۇ ئىتىمغا ئىت تەڭ كېلەلمەيدۇ، بەك تالىشىدۇ، — دەپتۇ.

— ئىتلىرى ئۆزلىرىنى دوراپتۇ، مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام دېگەن شۇ ! — دەپتۇ ئىسكەندەر.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4NDguemlw",
"filename_decoded": "40209848.zip",
"filesize": 16177976,
"md5": "3d85a1b601940f4d7ddd1cd397bf5118",
"header_md5": "a66505a531fcd8fc0860d38f362de3ae",
"sha1": "b955656e0a6f378de3be5fa4db47fa9df7a965cf",
"sha256": "6d8038f22503a3458425c0e6c7cd384ab8423bf68f85bb961c720967b627870a",
"crc32": 3697983477,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 16253969,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u255a\u00f1\u256c\u253c \u255a\u00b2\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209848",
"pdg_main_pages_found": 69,
"pdg_main_pages_max": 69,
"total_pages": 78,
"total_pixels": 322011392,
"pdf_generation_missing_pages": false
}